# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي
20
يەكشەنبە
维吾尔文 9 月20日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25190 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو يەنئەن روھى تەتقىقات جەمئىيىتى 6 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، يەنئەن روھىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو يەنئەن روھى تەتقىقات جەمئىيىتى 6 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### تەبرىك خېتى

جۇڭگو يەنئەن روھى تەتقىقات جەمئىيىتى 6 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى ۋە تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشنىڭ خەلقنىڭ ئويلىغانلىرىغا، ئۈمىدىگە ماس كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك



9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ چاڭشادا ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىۋى ۋەكىللىرىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھرىدە ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىۋى ۋەكىللىرىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز. بەش يىللىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تۈزۈشنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىشىگە، خەلقنىڭ ئويلىغانلىرىغا، ئۈمىدىگە ماس كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

(سۆزنىڭ تولۇق تېكستى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە مەخسۇس بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىدا، خېڭياڭ شەھرى چاڭنىڭ شەھرى تاشەن ياۋزۇ يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەن جيۈرېن، شاۋياڭ شەھەرى لۇڭخۇي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۇڭخۇڭ، چاڭشا شەھىرى ۋاڭچېڭ رايونى گۇاڭيۈەن تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ باش مۇدىرى شياۋ دىڭ، جۇڭگو بىناكارلىق 5 ـ ئىدارىسى باش ھۆددىگە ئېلىش شىركىتىنىڭ سۇپەت باشقۇرغۇچىسى زوۋ بىن، چاڭدې شەھىرى تاۋيۈەن ناھىيەسىدىكى يەككە يۈك ترانسپورت شوپۇرى لۇ ڭ بىڭ، خۇنەن رۇيتۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جوۋ بوۋېن، شياڭشى ئوبلاستىنىڭ فېڭخۇاڭ ناھىيەسى لياۋجياچياۋ بازىرى چياۋپۇتاڭ كەنتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جوۋ زۇخۇي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

## ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشتە تېخىمۇ زور قەدەم تاشلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشتە تېخىمۇ زور قەدەم تاشلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىۋى بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى ——

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى، خەلق رايىغا ئۇيغۇنلاشتى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى، ئۇل قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# يېشىللىق تەڭكەش مۇزىكىسى كۆكتە ياڭرىدى

—— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان (6)

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ دۇڭلەي**

مەيىن شاماللىق، ئوچۇق ھاۋالىق كۈندە، سۇلار دولقۇنلاپ تۇرغان سايرام كۆلىدە كۆك ئاسماندىكى لەيلەپ يۈرگەن توپ بۇلۇتلار ئەكس ئەتكەن بولۇپ، خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا نەپەسلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛ كۆزنىڭ ھاۋاسى ساپ ۋە سالقىن بولۇپ، ئۈزۈن شاخلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان خۇڭچېيو ئالمىلىرى سەھەر ۋە گۈگۈمدا ئۆزگىچە شىرنە يىغىپ، ئۈزگىلى كەلگەنلەرنى خۇش چىراي كۈتۈۋېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى... 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ مەۋقەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىيات چوڭ پىلانىغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۆپ ساھە، كەڭ دائىرە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يېشىللىق تەڭكەش مۇزىكىسىنى كۆكتە ياڭراتتى. ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ جۇڭخۇا زېمىنىدا مەغرۇر قەد كۆتۈردى.

### ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى مۇستەھكەم قۇرۇش

1000 چاقىرىملىق تەكشى ئېتىز ئورمان تورى بىلەن زىچ قاپلانغان بولۇپ، دېھقانلار ئۆيلىرى، ئېتىزلىقتىكى گىرەلىشىپ كەتكەن كىچىك يوللار ياپېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغاندى. خوتەن بوستانلىقىدا كېتىۋېتىپ، يىراققا نەزەر سالغاندا ھەممە يەر ياپېشىل كۆرۈنەتتى. تۈپتۈز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر خۇددى قاراۋۇللۇقتا ئوخشاش تىك تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئېقىن سۇلارنى قوغداپ تۇراتتى، شەھەرنىڭ زۇمرەتتەك سۈيى، گۈل ـ چېچەكلىرىنى ئوراپ تۇراتتى. دەشت ـ باياۋاندىكى پايانسىز قۇملۇقتا بوستانلىق ياشناپ تۇراتتى. بۇك ـ باراقسان ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ھەربىر بوستانلىقىنى قوغداپ تۇرماقتا ئىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ھەممە بىر نىيەتتە بولدى —— مۇقىم بەخت يېنىمىزدا

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن**

ھەيۋەتلىك تىيانشان، كۆز يەتكۈسىز كوئېنلۇن. ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى دەشت ـ باياۋان، چۆل ـ جەزىرە، تاغ ـ دەريالار ھەمدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىرغىقىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار كەڭ كەتكەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تەشكىل قىلغان.

تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق مۇددەت تېررورىزمنىڭ، ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى. نۇرغۇن ئاممىۋى ئېغىر روھىي كىشەن بىلەن كىشەنلەنگەچكە، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى ئەمەس، ئىدىيەۋى قالاق، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرسىز بولۇپ كەلگەنىدى.

شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، جەنۇبىي شىنجاڭ شاھمات كۆزى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا باھار دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭ تۈپتۈرقى مۇقىم، ئىناق بولدى، ھاياتىي كۈچ قويۇپ بېرىلدى، كىشىلەر قەلبى مۇقىم بولدى، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، بەرىكەتكە كۈچ يېتەرلىك بولدى.

«شاھمات كۆزى» جانلاندى.

### كىشىلەر قەلبى مۇقىملىققا تەلپۈندى: «بۇ جاي خاتىرجەم ياشايدىغان يۇرت»

مەسكەرچىلىك دۇكىنىدىن تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، گىلەم دۇكىنىدىكى رەڭگارەڭ گىلەملەر كۆزنى قاماشتۇراتتى، سامسخانىدا

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر ①

[ تەھرىر ئىزاھاتى ]

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق بولدى، دىنلار ئىناق، رايىش بولدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى. ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم ياشىماقتا. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر» يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، مۇخبىرنىڭ زىيارىتى ۋە كۆزىتىشى ئارقىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەيدۇ.